# پەيغەمبەرلىك ئالامىتى




مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەش ياشقا كىرگەندە، ئانىسى ئامىنە ۋاپات بوپتۇ. پەيغەمبىرىمىز ئانىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىب ئىگە بوپتۇ، بوۋىسىدىن كېيىن تاغىسى ئەبۇ تالىب بېقىۋاپتۇ. ئۇ تاغىسىنىڭ پادىلىرىنى بېقىش بىلەن مەشغۇل بوپتۇ.



مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 12 ياشقا كىرگەندە، تاغىسى ئۇنىڭغا تىجارەت ئىشلىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن شام تىجارەت سەپىرىگە بىللە ئېلىپ چىقىپتۇ.



كارۋان شامغا يېتىپ كەلگەندە، راھىب بۇھەيرا ئۇلارنى زىياپەتكە چاقىرىپتۇ.




ــ ھەي بۇھەيرا، سەن ئىلگىرى بىزنى زىياپەتكە چاقىرىپ باقمىغان ئىدىڭ، بۈگۈن نېمىشقا چاقىرىپ قالدىڭ؟
ــ چۈنكى ئىچىڭلاردا پەيغەمبەر بار.


ــ سەن ئۇنى قانداق بىلدىڭ؟
ــ ئۇنىڭدىكى پەيغەمبەرلىك ئالامىتىدىن بىلدىم.



ــ قايسى ئالامەت ئۇ؟
ــ مەن ئۇنىڭ دۈمبىسىدە پەيغەمبەرلىك ئالامىتىنى كۆردۈم، شامغا كەلگۈچە بىر بۇلۇتنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلماي ئۇنىڭغا سايە تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. يەھۇدىيلارنىڭ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئەنسىرەيمەن، ئۇنى ئېلىپ قايتىپ كېتىڭلار.
ئەبۇ تالىب راھىبنىڭ گېپى بويىچە ئۇنىڭغا زىيان - زەخمەت يېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ مەككىگە قايتىپ كېتىپتۇ.


ئۆگەنگەنلىرىمىز:
پەيغەمبىرىمىز پادا بېقىپ ۋە تاغىسى بىلەن تىجارەت قىلىپ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشىغان.
پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىك ئالامىتى كىچىككىدىن تارتىپلا ئۇنىڭدا بار ئىدى.